# «بەدەن ساغلاملاشتۇرۇش»تىن «ساغلام تۇرمۇش»قىچە

(بېشى 1 - بەتتە)

يېڭى ئىنتىلىش ——

### ھەرىكەتتىن بەھرىلىنىش تۇرمۇشنىڭ بىر قىسمىغا ئايلاندى

تەنتەربىيە چېنىقىشى تۇرمۇشنىڭ بىر قىسمىغا ئايلاندى، بۇ، پۇقرالار تۇرمۇش سۈپىتىنىڭ ئۆزگەرگەندىن كېيىنكى بىر خىل ئىپادىسى بولۇپلا قالماي، كىشىلەرنىڭ ھاللىق تۇرمۇش، ساغلام تۇرمۇشقا بولغان يېڭى ئىنتىلىشىنىمۇ نامايان قىلدى.

تويلارنىڭ پولغا ئۇرۇلغاندا چىققان «دۇمباق رىتىمى»، تەنھەرىكەت ئاياغلىرىنىڭ سۈركىلىشىدىن چىققان «نوتا»، تىرېنېر چالغان پۇشتەك ئاۋازى، كەسكىن تىركىشىشتىن كېيىنكى ھاياجانلىق چۇقانلار... 7 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، شىنجاڭ خەلقئارا يىغىن - كۆرگەزمە مەركىزىگە جايلاشقان ئۈرۈمچى شىڭدەنيا تەنتەربىيە سارىيىدا، ئومۇمىي خەلق بەدەن چېنىقتۇرۇش ئامىللىرى بىلەن تولغان بىر مەيدان «سىمفونىيە» ئورۇنلىنىۋاتاتتى.

«بۇ يىلقى بۇ مەيدان يۇقۇمنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن، كۆپچىلىك ساغلاملىقنىڭ مۇھىملىقىنى تېخىمۇ چوڭقۇر تونۇپ يەتتى. ھازىر، مەيلى ئۆزۈم ياكى ئائىلەمدىكىلەر، دوستلىرىم بولسۇن، ساغلاملىق ئېڭىمىز بارغانسېرى كۈچەيدى» دېدى پەي توپ ھەۋەسكارى شۇ ۋېيجيا مۇخبىرغا.

باش يازدىكى كەچقۇرۇندا يول چىراغلىرى ئاستا - ئاستا يېنىشقا باشلىدى. مارالبېشى ناھىيەسى ئاناكۆل يېزىسى غولمەھەللە كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى ئابلەھەت مۇسا كەنتتىكى تەنتەربىيە باغچىسىدا يۈگۈرۈۋاتقان بولۇپ، چىلىق - چىلىق تەرگە چۆمۈلۈپ كەتكەنىدى. ئۇ يوغناپ قالغان قورسىقىنى سىلاپ خىجىل بولغان ھالدا: «يەيدىغىنىمىز بەك ياخشى، ئورۇقلىمىسام بولمايدۇ، كۆپرەك ھەرىكەت قىلىشىم كېرەك» دېدى.

«ھازىر شارائىتىمىز ياخشىلاندى، كىرىمىمىزمۇ ئاشتى، بىزمۇ يۇقىرى سۈپەتلىك تۇرمۇشقا ئىنتىلىشىمىز كېرەك.» ئابلەھەتنىڭ ياخشى كۈنلەرگە بولغان تەلپۈنۈشى تولۇپ تاشقانىدى.

يۈگۈرۈش، مېڭىش، سەكرەش، ئۇسسۇل ئويناش، چېنىقىش، ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق باغچىسىدا، باغچە ئېچىلغاندىن باشلاپ تاقالغۇچە، چېنىقىشقا كېلىدىغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدۇ.

تەنتەربىيە مەيدان - سارايلىرىدا كىشىلەر تەرلىرىنى سۈرتۈپ، ھەرىكەت ئېلىپ كەلگەن خۇشاللىقتىن بەھرىلەنمەكتە.

ئومۇمىي خەلق بەدەن چېنىقتۇرۇشى بولمىسا، ئومۇمىي خەلقنىڭ ساغلاملىقى بولمايدۇ، ئومۇمىي خەلقنىڭ ساغلاملىقى بولمىسا، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بولمايدۇ. دەۋرنىڭ ئىلگىرىلىشىگە ئەگىشىپ، مەدەنىي تۇرمۇش، ساغلام تۇرمۇش ئىدىيەسى كىشىلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالدى. كىشىلەر بەدەن چېنىقتۇرۇشقا تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىدىغان بولدى، تەنتەربىيە ھەرىكىتى ئېلىپ كەلگەن مەنىۋى ھوزۇرلىنىشقا تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىدىغان بولدى.

يېڭى مودا ——

### خاسلاشقان بەدەن چېنىقتۇرۇش «ئەپچىل چارىلىرى» ئارقا - ئارقىدىن ئوتتۇرىغا چىقتى

شىنجاڭنىڭ تەبىئىي بايلىق ئەۋزەللىكى تەبىئىي شەكىللەنگەن، كۆل بويىدا بېلىق تۇتۇش، ئېگىز تاغقا يامىشىش، كەڭ دالىدا مېڭىش، تىك قىيالارغا يامىشىش، دالىدا ۋېلىسىپت مىنىش، ئۆزى ئۇچقاندەك ئاپتوموبىل ھەيدەش... ھەر خىل خاسلاشقان ھەرىكەتلەرنىڭ ھەممىسىنى بۇ يەردە ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

قاتتىقلىق بىلەن يۇمشاقلىق ماسلاشتۇرۇلغان تەيجى گۈمپىسى، ئۇسسۇل قەدەمى جانلىق مەيدان ئۇسسۇلى، رەتلىك رادىيو گىمناستىكىسى، بەدەن شەكلىنى گۈزەللەشتۈرىدىغان يوجيا، ئوكسىگېنلىق بەدەن چېنىقتۇرۇش، ياشانغانلاردىن بالىلارغىچە، ھەربىر ئادەم ئۆزىگە ماس كېلىدىغان بەدەن چېنىقتۇرۇش ھەرىكىتىنى تاپالايدۇ.

مارافون يۈگۈرۈش مۇسابىقىسى شىددەت بىلەن «كۆزگە كۆرۈندى»، دوستلار چەمبىرىكىدە ھەممە بەدەن چېنىقتۇرۇشنى كۆز - كۆز قىلدى، ئومۇمىي خەلق بەدەن چېنىقتۇرۇش تەدرىجىي ھالدا ئومۇمىي خەلق ئارىسىدا مودا بولغان ئەڭ جانلىق كارتىنا بولۇپ قالدى.

6 - ئاينىڭ 26 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە ئىدارىسى ئۇيۇشتۇرغان 3 - پەسىللىك «ئومۇمىي خەلق بەدەن چېنىقتۇرۇشنى ئائىلىلەرگە كىرگۈزۈش بۇلۇتتا ئالماشتۇرۇش پائالىيىتى» موري قازاق ئاپتونوم ناھىيەسىنىڭ شىجىر بازىرىغا كىردى، جەمئىيەت تەنتەربىيە يېتەكچىسى شۇ جايدىكى دېھقانلارنى يېتەكلەپ ئائىلىدە بەدەن چېنىقتۇرۇش ئوقۇتۇشى ئېلىپ باردى، بۇنى 600 مىڭ ئادەم قېتىم توردا بىۋاسىتە كۆرسىتىش ئارقىلىق كۆردى.

«مەن بىرنەچچە سىرداش دوستۇم بىلەن توردا يوجيا ئۆگىنىپ، بىللە بەدەن چېنىقتۇرۇشنى كېلىشىپ قويدۇم.» ئادەتتە خىزمەت بىلەن ئالدىراش يۈرىدىغان ئۈرۈمچى شەھىرى ئاھالىسى چېن يۇ ئۆيىدە تۇرۇۋاتقان بۇ مەزگىلدە، ئۆزىنى تەنھەرىكەت ھەۋەسكارىغا ئايلاندۇردى.

«مېھمانخانىدا ھەر كۈنى بەش كىلومېتىر ‹مارافون يۈگۈرۈش›.» ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى پېنسىيەگە چىققان ئوقۇتقۇچى يۇ چېڭ يۈگۈرۈشنى تۆت يىل داۋاملاشتۇردى، يۇقۇم مەزگىلىدە، ئۇ ئۆيىنىڭ مېھمانخانىسىدا «مارافون يۈگۈرۈش»كە باشلىدى. يۇ چېڭ ئۆزىنىڭ ھەرىكىتى ئارقىلىق پەقەت كۆڭۈل قويسىلا، ھەرقانداق جاينىڭ تەنھەرىكەت مەيدانى، ھەرقانداق سورۇننىڭ بەدەن چېنىقتۇرۇش ئۆيى بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى.

«تېخىمۇ كۆپ ئادەمنى تۇرمۇشتا ‹ھەرىكەتكە كەلتۈرگەندىلا›، ‹ئومۇمىي خەلق بەدەن چېنىقتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق سەۋىيەگە يېتىشكە كۈچ قوشۇش›تەك تەنتەربىيە قىممىتىنى ئاندىن ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرۈپ يىلتىز تارتقۇزغىلى بولىدۇ» دېدى ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە ئىدارىسى ئاممىۋى تەنتەربىيە باشقارمىسىنىڭ باشقارما باشلىقى جېي خۇڭبى.

يېڭى ئىدىيە ——

### ھەرىكەت تېخىمۇ ياخشى بولغان ئۆزى بىلەن يولۇقتۇردى

ساغلاملىق ئىدىيەسىنىڭ تەدرىجىي ئۆزگىرىشىنىڭ ئېلىپ كەلگىنى تېخىمۇ كۆپ ئادەمنىڭ ھەرىكەت قىلىپ بەدەن چېنىقتۇرۇشقا قاتنىشىشى بولدى، ھەرىكەتنى بىر خىل يېڭى تۇرمۇش شەكلى قىلىش تەنتەربىيەنى تېخىمۇ كۆپ ئادەمنىڭ ساغلام تۇرمۇشىغا سىڭدۈرۈش بىلەن بىللە، يەنە ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەتنىڭ ساغلاملىق ئاساسىنى پۇختىلىدى.

نۇرغۇن ئادەم ھەرىكەتنىڭ ئۆزىنى مەقسەت - نىشانى بىردەك بولغان تېخىمۇ كۆپ ھەمراھلارغا يولۇقتۇرۇپلا قالماي، تېخىمۇ ياخشى بولغان ئۆزى بىلەن يولۇقتۇرغانلىقىنى بايقىدى.

«‹باگاك›، ‹لوگو›، ‹يامالىق تېغى›، ئۈرۈمچىدىكى بۇ تونۇش يەر ناملىرى يۈگۈرۈش ئۆمەكلىرىنىڭ ئۆمەك نامى». يامالىق تېغى ساغلاملىق يۈگۈرۈش ئۆمىكىنىڭ ئۆمەك باشلىقى لياڭ بو مۇنداق دېدى: يېقىنقى ئۈچ - بەش يىلدا، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ نۇرغۇن رايونلىرىدا پىيادە مېڭىش يولى ۋە ھەرىكەت مەيدانى ياسالدى، ھەرقايسى مەھەللە، ئولتۇراق رايونلارنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك ئاھالىلەر ئۆزلۈكىدىن تەشكىللىگەن يۈگۈرۈش ئۆمەكلىرى بار.

«ئىلگىرى ھەمىشە بەدەن چېنىقتۇرۇش گىمناستىكىسىنى شەھەرلىكلەرنىڭ ھەرىكىتى دەپ ئويلايتتىم، تەربىيەلىنىش ئارقىلىق مەن بەدەن چېنىقتۇرۇش گىمناستىكىسىنىڭ بىر خىل ساغلام، شادلىققا تولغان بەدەن چېنىقتۇرۇش شەكلى ئىكەنلىكىنى بىلدىم» دېدى پەيزاۋات ناھىيەسى جامباز يېزىسى چۆۋق كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى مېھرىبانگۈل ئەركىن. بۇلتۇر، ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە ئىدارىسى «دېھقانلار ئومۇمىي خەلق بەدەن چېنىقتۇرۇش گىمناستىكىسىنى نۇقتىدا سىناق قىلىشنى كېڭەيتىش تۈرى بويىچە تەربىيەلەش كۇرسى» ئۇيۇشتۇرۇپ، نۇقتا ئارقىلىق دائىرىنى يېتەكلىدى، 30 مىڭغا يېقىن دېھقان ئومۇمىي خەلق بەدەن چېنىقتۇرۇش پائالىيىتىگە قاتناشتى.

ئومۇمىي خەلق بەدەن چېنىقتۇرۇش پائالىيىتى ئومۇمىي كەيپىياتقا ئايلاندى. ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە ئىدارىسىنىڭ ئىستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، ئاپتونوم رايونىمىز بۇلتۇر جەمئىي 180 مىڭ مەيدان قېتىمغا يېقىن تۈرلۈك ئومۇمىي خەلق بەدەن چېنىقتۇرۇش پائالىيىتى ئۇيۇشتۇرغان، پائالىيەتكە قاتناشقانلار 18 مىليون 500 مىڭ ئادەم قېتىمدىن ئاشقان. كىچىك تىپتىكى كۆپ خىل، مەزمۇنى مول، كۆپچىلىك ياقتۇرىدىغان ئومۇمىي خەلق بەدەن چېنىقتۇرۇش پائالىيەتلىرى كەڭ قانات يايدۇرۇلۇش ئارقىلىق، كەڭ ئاممىنىڭ ئومۇمىي خەلق بەدەن چېنىقتۇرۇشقا بولغان ئىدىيەسى يېڭىلىنىپ، ئېرىشىش تۇيغۇسى ۋە بەخت تۇيغۇسى ئاشقان.

ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە ئىدارىسى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى نىي چۈن مۇنداق دېدى: تەنتەربىيە تارماقلىرى ئومۇمىي خەلق بەدەن چېنىقتۇرۇش دۆلەت ئىستراتېگىيەسىنى يەنىمۇ ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ تەن ساغلاملىقىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ، ئومۇمىي خەلق بەدەن چېنىقتۇرۇشنىڭ شەكلى، مەزمۇنىدا يېڭىلىق يارىتىپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ھەرىكەت ئارقىلىق ساغلاملىقنى ئىلگىرى سۈرۈش ئېڭىنى يېتىلدۈرۈپ، ئومۇمىي خەلق بەدەن چېنىقتۇرۇش بىلەن ئومۇمىي خەلق ساغلاملىقىنىڭ چوڭقۇر يۇغۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولىدۇ.

## ئاپتونوم رايونىمىزدا كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان تەنتەربىيە مەيدانى كۆلىمى يىل ئاخىرىدا 2.1 كۋادرات مېتىرغا يېتىدۇ

كۆپ تۈردىكى سانلىق مەلۇماتلار مۆلچەرلەنگەن تەرەققىيات نىشانىدىن ئېشىپ كەتتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **دۇڭ لياڭنىڭ** ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە ئىدارىسىدىن ئىگىلىشىچە، نۆۋەتتە، ئاپتونوم رايونىمىز 115 جەمئىيەت پۇتبول مەيدانى تور قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىۋاتقان بولۇپ، يىل ئىچىدە تاماملاشنى پىلانلىغان. شۇ چاغدا، ئاپتونوم رايونىمىزدا كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان تەنتەربىيە مەيدانى كۆلىمى 2.1 كۋادرات مېتىرغا يېتىدىكەن.

مۇخبىرنىڭ ئىگىلىشىچە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئومۇمىي خەلق بەدەن چېنىقتۇرۇش خىزمىتى يېقىنقى بەش يىلدىن بۇيان تېز تەرەققىي قىلىپ، كۆپ تۈردىكى سانلىق مەلۇماتلار تەرەققىيات نىشانىغا يەتكەن، ھەتتا ئۇنىڭدىن ئېشىپ كەتكەن.

ھازىرغىچە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك تەنتەربىيە جەمئىيەت تەشكىلاتلىرى 600گە يېقىنلىشىپ، يەككە تۈر تەنتەربىيە جەمئىيەتلىرى ۋە ساھە جەمئىيەتلىرى كۆرۈنەرلىك كۆپەيگەن. جەمئىيەت تەنتەربىيە يېتەكچىلىرى قوشۇنى ئۈزلۈكسىز زورىيىپ، جەمئىيەت تەنتەربىيە يېتەكچىلىرى تېخنىكا دەرىجە گۇۋاھنامىسىگە ئېرىشكەنلەرنىڭ رويخەتكە ئالدۇرۇش سانى 51 مىڭ 443 ئادەمگە يەتكەن. يۇقىرىقى ئىككى تۈرلۈك سانلىق مەلۇمات بىردەك تەرەققىيات نىشانىدىن ئېشىپ كەتكەن. بۇنىڭدىن باشقا، كەسپىي جەمئىيەت تەنتەربىيە يېتەكچىلىرىنى تەربىيەلەشكە قاتناشقانلار 10 مىڭ ئادەم قېتىمدىن ئاشقان، 5000غا يېقىن ئادەم كەسپىي ماھارەت باھالىشىدىن ئۆتۈپ، كەسپىي جەمئىيەت تەنتەربىيە يېتەكچىلىك سالاھىيىتىگە ئېرىشكەن.

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاممىنىڭ تەنھەرىكەت - چېنىقىش ئېڭى ئومۇمىيۈزلۈك كۈچەيدى، تەنھەرىكەت - چېنىقىشقا قاتنىشىدىغانلارنىڭ سانى كۆرۈنەرلىك كۆپەيدى. بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىلىغىچە، ئاپتونوم رايونىمىزدا ھەر ھەپتىدە بىر قېتىمدىن ئارتۇق تەنھەرىكەت - چېنىقىشقا قاتنىشىدىغانلارنىڭ سانى 10 مىليونغا، دائىم تەنھەرىكەت - چېنىقىشقا قاتنىشىدىغانلارنىڭ سانى 8 مىليونغا يەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاپتونوم رايونىمىزدا ناھىيە دەرىجىلىك ئومۇمىي خەلق بەدەن چېنىقتۇرۇش مەركىزىدىن 86سى قۇرۇلۇپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ئومۇمىي ساننىڭ 93%نى ئىگىلىدى، بۇ يىلنىڭ ئاخىرىدا تولۇق قاپلاش ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ؛ يېزا - بازار دېھقانلار تەنھەرىكەت - چېنىقىش قۇرۇلۇشىدىن 395ى تاماملاندى؛ مەمۇرىي كەنتلەرنىڭ دېھقان - چارۋىچىلار تەنھەرىكەت - چېنىقىش قۇرۇلۇشىدىن 8601ى تاماملاندى، نۆۋەتتە ئايرىپ چىقىلغان كەنتلەرنى قاپلاش خىزمىتى ئىشلىنىۋاتىدۇ، كېلەر يىلى تولۇق قاپلاشنى تاماملاش پىلانلاندى. مەھەللە بەدەن چېنىقتۇرۇش مەركىزىدىن 86سى قۇرۇلدى؛ مەھەللە كۆپ ئىقتىدارلىق تەنھەرىكەت مەيدانىدىن 66سى قۇرۇلدى؛ 17 مەھەللە تەنتەربىيە كۇلۇبى، 15 تەنتەربىيە باغچىسى، 29 چېنىقىش پىيادىلەر يولى ياردەم بېرىلىپ قۇرۇلدى.

## نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى سۈرۈشتۈرگىلى بولىدۇ

(بېشى 1 - بەتتە)

شەھەر ئاھالىلىرى سۇپىغا چىققاندىن كېيىن، شەخسىي سالاھىيەت ئۇچۇرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ ھەم ئېلېكترونلۇق ساغلاملىق كارتىسىنى ئىلتىماس قىلىپ ئېلىپ، «راۋان يۈرۈش كودى»نى ئېچىپ، «مەركەزلىك ئەۋرىشكە ئېلىپ نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى سۈرۈشتۈرۈش»نى چەكسىلا، مەھەللىدىكى نوكلېئىك كىسلاتاسىنى مەركەزلىك ئەۋرىشكە ئېلىپ تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى سۈرۈشتۈرەلەيدۇ. ئەگەر ئۆزلۈكىدىن نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش ئاپپاراتىغا بېرىپ تەكشۈرتكەن بولسا، «بېكىتىلگەن نۇقتىدا نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى سۈرۈشتۈرۈش» سەھىپىسىدىن سۈرۈشتۈرسە بولىدۇ.

پۈتۈن شەھەر ئاھالىسىنىڭ سانلىق مەلۇماتى بەشتە بىر نىسبەتتە ئارىلاشتۇرۇپ ئەۋرىشكە ئېلىشتىن كەلگەچكە، نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش مىقدارى زور بولغاچقا، ھەرقايسى مەھەللىلەردىكى ئەۋرىشكە ئېلىش، تەكشۈرۈش ۋاقتى بىردەك بولمىغاچقا، نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش سانلىق مەلۇماتلىرى ئارقا - ئارقىدىن سىستېمىغا يوللىنىۋاتىدۇ، نۆۋەتتە 1 مىليون 300 مىڭدىن ئارتۇق نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش نەتىجىسى سانلىق مەلۇماتى تولۇپلاندى، قالغان سانلىق مەلۇماتلار جىددىي، تەرتىپلىك كىرگۈزۈلمەكتە.

## ئۈرۈمچى شەھىرى ئاھالىلەر تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈشنى پۇختا تۇتتى، ئىنچىكە تۇتتى

(بېشى 1 - بەتتە)

«نۆۋەتتە، ئۈرۈمچى شەھىرىدە گۆش، كۆكتات، ئاشلىق، ياغ بىلەن تەمىنلەش تولۇق، باھا مۇقىم بولۇۋاتىدۇ.» شاڭ يۈلەن مۇنداق دېدى: ئۈرۈمچى شەھىرى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مەزگىلىدە كۆكتات ۋە گۆشنى بازارغا سېلىش لايىھەسىنى تۈزۈپ يولغا قويۇپ، گۆش، كۆكتات، ئاشلىق، ياغ قاتارلىق زۆرۈر تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنىڭ باھاسىنىڭ مۇقىم، تەمىناتىنىڭ يېتەرلىك بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلدى؛ توردا زاكاز قىلىش، تور سىرتىدا تەقسىملەپ يەتكۈزۈش قاتارلىق شەكىللەرگە زور كۈچ بىلەن تۈرتكە بولۇپ، ئولتۇراق رايوندىكى ئاھالىلەرنىڭ ئاساسىي تۇرمۇش ماددىي ئەشيالىرىنىڭ نورمال تەمىناتىغا كاپالەتلىك قىلدى.

ئۈرۈمچى شەھىرى مەھەللىلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش بىرىنچى سېپىدىكى ئاساسىي قوشۇنلۇق رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئورگان، كەسپىي ئورۇنلاردىكى كادىرلار، پىدائىيلار، «ئەل رايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت ئەزالىرىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ تۆۋەنگە چۈشۈرۈپ، مەھەللە بىرىنچى سېپىنىڭ ماددىي ئەشيا تەقسىملەپ يەتكۈزۈش ۋە مۇلازىمەت كاپالىتى كۈچىنى تولۇقلاپ، زورايتىپ، شەخسىي مۇداپىئەلىنىشنى ياخشى ئىشلەش ئالدىنقى شەرتىدە، ئاھالىلەرنىڭ يېمەكلىك، دورا قاتارلىق زۆرۈر تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى ۋاقتىدا سېتىۋېلىشىغا ياردەم بېرىپ، مالنى نۇقتىدىن نۇقتىغا، ئۇچراشماي ئىشىك ئالدىغىچە يەتكۈزۈپ بېرىشنى يولغا قويدى. نۆۋەتتە، پۈتۈن شەھەر بويىچە 2000دىن ئارتۇق پىدائىيلار مۇلازىمەت ئەترىتى ھەر مىللەت ئاھالىلىرى ئۈچۈن مال سېتىۋېلىش، تاماق يەتكۈزۈش، ئەخلەت يىغىش قاتارلىق ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ بەردى.

ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار ئاممىنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئۈرۈمچى شەھىرى كۆڭۈل بۆلۈش، كۆيۈنۈش سالمىقىنى زورايتىپ، قىيىنچىلىقى بار ئائىلە، ئىگە - چاقىسىز ياشانغانلار، مېيىپلەر قاتارلىقلارنى ۋاقتىدا تۇرمۇش ماددىي ئەشيالىرى بىلەن تەمىنلىدى، تۈرلۈك قۇتقۇزۇش - ياردەم بېرىش تەدبىرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، خادىملارنى تەشكىللەپ تۇرمۇش ماددىي ئەشيالىرىنى ۋاكالىتەن سېتىۋېلىش، مالنى ئىشىك ئالدىغىچە يەتكۈزۈپ بېرىش مۇلازىمىتىنى نۇقتىدىن نۇقتىغا قانات يايدۇردى. داۋالىنىش ئېھتىياجى بار سوزۇلما خاراكتېرلىك كېسەلگە گىرىپتار بولغانلار، ھامىلدارلار، تۇغۇتلۇق ئاياللار قاتارلىقلارغا قارىتا، ۋاكالىتەن دورا سېتىۋېلىش، يېشىل يول ئېچىپ داۋالىنىشقا كاپالەتلىك قىلىش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق مۇلازىمەت خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىدى. تۇيۇقسىز كېسەللىك قوزغىلىپ قالغان ئاھالىلەرگە قارىتا، مەھەللە ئاپتوموبىل ئورۇنلاشتۇرۇپ ئاپىرىپ ئەكەلدى، ئالاھىدە ئەھۋالدا مەخسۇس ئادەم ھەمراھ بولدى.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)